# ئەسلى مەقسەت، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، سىياسىي خىسلەتنى مەڭگۈ ساقلاش
# شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق، تەرەققىيات خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بىرىنچىدىن، غايە ـ ئېتىقادنى چىڭىتىپ، كوممۇنىزم ئۇلۇغۋار غايىسى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئورتاق غايىسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشنى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى مەڭگۈلۈك تېما قىلىپ، بارلىق پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنىڭ ئۆمۈرلۈك تېمىسى قىلىپ، غايە ـ ئېتىقاد «باش كېيىم»نى چىڭ تۇتۇپ، كوممۇنىستلارنىڭ سىياسىي خىسلىتىنى مەڭگۈ ساقلاش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، «تۆت ئاڭ»نى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يادروسى، پۈتۈن پارتىيەنىڭ يادروسلۇق ئورنىنى قەتئىي قوغداپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزى ۋە مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى قەتئىي قوغداپ، ئاڭلىق ھالدا ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، قەتئىي تەۋرەنمەي شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، قەتئىي تەۋرەنمەي باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، نەزەرىيە ئۆگىنىشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئەڭ يېڭى مۇھىم سۆزلىرىنىڭ روھى ۋە مۇھىم يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى ۋاقتىدا ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىلمىي نەزەرىيە ئارقىلىق كاللىنى قوراللاندۇرۇش، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، ئەسلى مەقسەت، بۇرچنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ھەرقانداق ۋاقىتتا كىم ئۈچۈن، كىمگە تايىنىمىز، مەن كىم دېگەننى ئۇنتۇپ قالماي، ئەسلى مەقسەت ۋە بۇرچنى قەلبنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا مۇستەھكەم ئورنىتىپ، ئىدىيە چوڭقۇر قاتلىمىدا يىلتىز تارتقۇزۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ پىكىر ـ تەلەپلىرىنى ئىگىلەپ، تەنقىد ـ تەكلىپلىرىنى ئاڭلاپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ خەلقنى غەمدىن خالاس قىلىپ، خەلقنىڭ ئاغرىنىشىنى پەسەيتىپ، خەلقنىڭ قەلبىنى ئىللىتىپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى ۋە بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى تېخىمۇ تولۇق، تېخىمۇ كاپالەتلىك، تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىل قىلىش كېرەك.

بەشىنچىدىن، باتۇرلۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، پارتىيەگە، دۆلەتكە ئۆزىنى بېغىشلاپ، پارتىيەگە، دۆلەتكە جاۋاب قايتۇرۇپ، كۈرەش قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، مەسىلە، خىرىسقا بىۋاسىتە يۈزلىنىپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشتا جۈرئەت قىلىپ، ئۆزىنى قەدىرلەپ، ئۆزى ئۈستىدە ئويلىنىپ، ئۆزىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۆزىنى رىغبەتلەندۈرۈپ، يالغۇزدا، دەسلەپتە، كىچىكتە، دوست تۇتۇشتا ئېھتىياتچان بولۇپ، خاتىرجەم شارائىتمۇ خەۋپ ـ خەتەرنى ئويلايدىغان سىياسىي سەگەكلىك، ئۇيۇل تاشتەك مۇستەھكەم ئىستراتېگىيەلىك ئىرادە، باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىدىغان ئىلگىرىلەش ھالىتى بىلەن تىرىشىپ ئەمەلىيەتنىڭ، خەلقنىڭ، تارىخنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلەيدىغان ئەمەلىي نەتىجىلەرنى يارىتىش كېرەك.

ئالتىنچىدىن، خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، خىزمەتلەرنى پۈتۈن ۋەزىيەتتىن پىلانلاش ۋە ئالغا سىلجىتىشقا ماھىر بولۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى كونكرېت ۋەزىپىگە ئايلاندۇرۇشقا ماھىر بولۇپ، خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلاپ، ئىقتىدار، سەۋىيەنى ئۆستۈرۈپ، ھەقىقىي تەدبىر، ئەمەلىي تەدبىرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، قەتئىي جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، سۇن جىنلوڭ، لى پېڭشىن، ئەركىن تۇنىياز، ۋاڭ جۈنجېڭ، تيەن ۋېن، سارقىت ئاقان، جاڭ چۈنلىن يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى، مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى قاتارلىقلارنى يېتىشىپ ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۆگىنىش ـ تەربىيە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش ـ كۆزىتىش، تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، خەلقنى غەم ـ ئەندىشىدىن خالاس قىلىش، قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئېڭى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى.

باش تېما تەربىيەسىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، تيانشان رايونى مۇھىم نۇقتا بىلەن ئومۇمىي دائىرىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبەرىي كادىرلاردىن ئىبارەت بۇ «ئاچقۇچلۇق ئاز سانلىقلار»نى ياخشى تۇتۇپ، پارتىيە ئەزالىرى ئۈچۈن ئۆگىنىش ۋاستىسى يارىتىپ، تەربىيە مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۆگىنىش ـ تەربىيەنىڭ تولۇق قاپلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى؛ ئۆگىنىش بىلەن ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، ئۆگىنىش ـ تەربىيەنى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇردى؛ ئەسلى مەقسەت بىلەن قەتئىي ئىرادىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، باش تېما تەربىيەسىدىكى ياخشى تەجرىبە، ياخشى ئۇسۇللارنى مۇستەھكەملەپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى بىلەن كاللىنى قوراللاندۇرۇش، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، خىزمەتلەرنىڭ دائىملىق، ئۇزاق ئۈنۈملۈك بولۇشىغا تۈرتكە بولۇشنى باشتىن ـ ئاخىر ئىشقا ئاشۇردى. كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار مۇنداق ئىنكاس قايتۇردى: باش تېما تەربىيەسى غايە ـ ئېتىقادىمىزنى مۇستەھكەملىدى، پارتىيەۋىلىك جەھەتتىكى تەربىيەلىنىشىمىزنى يەنىمۇ كۈچەيتتى، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى ئاڭلىقلىقىمىز ۋە قەتئىيلىكىمىزنى يەنىمۇ ئاشۇردى.

ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسپلەر تەرەققىيات رايونى (يېڭى شەھەر رايونى) باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرغاندىن بۇيان، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار بىر قېتىملىق چوڭقۇر ئىدىيەۋى تاۋلىنىشنى قوبۇل قىلدى. «ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى، كۈرەش قىلغۇچىلار» ئىلغار تىپىدىن ئۈلگە تاللاپ تۇرغۇزۇپ، ئىلغارلاردىن ئۆگىنىش، تىپلاردىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى دائىملاشتۇرۇپ، ئەتراپتىكى كىشىلەر، ئەتراپتىكى ئىشلار ئارقىلىق، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنى تەربىيەلىدى؛ «يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسپلەر تەرەققىيات رايونىدىكى كېچىلىك سۆھبەت» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئامما ئارىسىغا بېرىپ، ئامما بىلەن «بىر ئورۇندۇق»تا ئولتۇرۇپ، ئەڭ ھەقىقىي ئوي ـ پىكىرلەرنى ئاڭلاپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش جەريانىنى ھەقىقىي تۈردە ئامما بىلەن قويۇق ئالاقە باغلاش جەريانىغا ئايلاندۇردى. باش تېما تەربىيەسى مەزگىلىدە، بۇ رايون ئاممىنىڭ پىكىر ـ تەكلىپىدىن جەمئىي 1954 نى توپلىدى، ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىغا ياردەملىشىپ، 9887 ئەمەلىي ئىش قىلىپ بەردى. پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: باش تېما تەربىيەسىدە بىز قانداق مەسىلىلەرنىڭ بارلىقىنى، كەمتۈكلۈكلەرنىڭ قەيەردىلىكىنى تاپتۇق، شۇنداقلا، ھەقىقىي تۈردە ئاممىغا ياردەملىشىپ، بىر تۈركۈم باش قاتۇرىدىغان ئىشلارنى ھەل قىلىپ بەردۇق.

### مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشقا جۈرئەت قىلىش قىيىن مەسىلە ئالدىدا چېكىنمەسلىك

باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش جەريانىدا، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەرقايسى رايون (ناھىيە)لار، تارماقلار، ئورۇنلار «مەن كىم، كىم ئۈچۈن، كىمگە تايىنىمىز»دىن ئىبارەت بۇ تۈپ مەسىلىگە بولغان تونۇشىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پىچاقنىڭ بىسىنى ئۆزىگە قارىتىش روھى بىلەن ئۆز تارمىقى، ئورنىنىڭ ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش جەھەتتىكى كەمتۈكلۈكلىرى ۋە يېتەرسىزلىكلىرىنى تەكشۈرۈپ تېپىپ، سۆڭەكنى قىرىپ يارىنى داۋالايدىغان جاسارەت، ئېگىلمەس ـ سۇنماس غەيرەت بىلەن تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتتى.

بىر تەرەپتە ئاممىنىڭ ئىنتىزارلىق نەزەرى، بىر تەرەپتە غايەت زور مەبلەغ كەمچىللىكى. ئۇزاقتىن بۇيان، مىدۇڭ رايونىدىكى شەھەر رايونىدىن سەنداۋبا بازىرىغىچە بولغان (X138 لىنىيەسى) تاشيولنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ ئۆزگەرتىش شۇ جايدىكى ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئىش ئىدى. بۇ تاشيول لىنىيەسى بويىدىكى ئۈچ يېزا ـ بازاردا 50 مىڭدىن ئارتۇق ئامما بار بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ يولنىڭ ياخشىلىنىشىغا تەقەززا ئىدى.

مىدۇڭ رايونى باش تېما تەربىيەسى جەريانىدا كۆپ تەرەپتىن خىراجەت غەملەش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، قۇرۇلۇش قىلىش پىلانىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەربىر خىراجەتنى دەل جايىغا ئىشلىتىپ، نازارەت قىلغۇچى تەرەپ بىلەن بىرلىكتە قۇرۇلۇش سۈپىتىنى پۈتۈن ۋاقىتلىق، ھەر تەرەپلىمە نازارەت قىلدى. قۇرۇلۇش پۈتۈپ قاتناش باشلانغاندىن كېيىن، لىنىيە بويىدىكى ئامما ئۆزلۈكىدىن ئۆيلىرىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى مۇھىتنى تۈزەپ، ئادەمنى بىئارام قىلىدىغان بۇ يولنى خەلق رايى يولى، خەلق تۇرمۇشى يولى، بېيىش يولىغا ئايلاندۇردى.

داۋانچىڭ رايونىدا بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ياشانغانلارنى مەركەزلەشتۈرۈپ بېقىش ئىزچىل بىر بوشلۇق بولۇپ، ئاممىنىڭ ساداسى كۈچلۈك ئىدى. داۋانچىڭ رايونلۇق پارتكوم ۋە رايونلۇق ھۆكۈمەت باش تېما تەربىيەسى داۋامىدا ئاساسىي مەقسەت ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كۆپ تەرەپنىڭ كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئەسلىدە بار بولغان ياشانغانلار ساناتورىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆزگەرتىپ، ياتاق بىناسى شەكلىدىكى ئۆلچەملىك ياتاقتىن 21نى سەپلىدى، بىرلا ۋاقىتتا 42 ئادەم كۆچۈپ كىرەلەيدۇ. نۆۋەتتە، بېقىش مەركىزى 60 ياشتىن ئاشقان بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئوبيېكتتىن 24 ئادەمنى ئورۇنلاشتۇردى، مەركەزلەشتۈرۈپ بېقىش نىسبىتى 80%كە يەتتى.

«مەن ھەر كۈنى ئۇزۇقلۇقى مول ئىسسىق تاماقلارنى ۋاقتىدا يېيەلەيمەن، دوختۇر ـ سېستىرالار كېلىپ سالامەتلىكىمىزنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ تۇرىدۇ، چارشەنبە، پەيشەنبە، جۈمە كۈنلىرى يەنە خىزمەتچى خادىملار بىزنى باشلاپ ئەتراپتىكى مەھەللە، كەنت تەشكىللىگەن بىر قىسىم پائالىيەتلەرگە قاتناشتۇرىدۇ، تۇرمۇش سۈپىتىمىز ئۆستى، كۆڭلىمىزمۇ ئارام تاپتى!» دېدى ياشانغانلار ساناتورىيەسىدە تۇرۇۋاتقان ما جىنخۇا.

### ھەقىقىي نەتىجە يارىتىش ئەمەلىيەتچىل بولۇپ خەلقنى كۆزلەشتە نەتىجە ـ ئۈنۈمنى نامايان قىلىش

باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئۈرۈمچىدىكى ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلار ئەسلى مەقسەت، بۇرچقا سېلىشتۇرۇپ، مەسىلىلەرنى تۈزىتىشنى كۆزلەپ، مەسىلىلەرگە يۈزلىنىپ، قاتتىق تەكشۈردى، چوڭقۇر تۈزەتتى، ئەمەلىي ئىشلىدى.

«ھازىر تەرتىپ ئاددىيلاشتى، ئىش بېجىرىش تېخىمۇ قولايلاشتى، مۇلازىمەت پوزىتسىيەسىمۇ بارغانسېرى ياخشىلاندى.» 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، شىنجاڭ دۇڭخيا دادى كانچىلىق تېخنىكا مەسلىھەتچىلىكى چەكلىك شىركىتىنىڭ خىزمەتچى خادىمى ليۇ كېۋېي ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمەت مەركىزىدىكى كۆزنەكتە ئالاقىدار رەسمىيەتلەرنى ناھايىتى تېزلا بېجىرىپ بولدى.

بەزى كۆزنەكلەرنىڭ ئىش بېجىرىش ئۈنۈمى يۇقىرى ئەمەس، بەزى كۆزنەكلەرنىڭ تەسىس قىلىنىشى مۇۋاپىق ئەمەس... ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتى باشقۇرۇش ئىدارىسى دىققەتنى ئامما ئىنكاس قىلغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، كۆزنەكلەرنىڭ مۇلازىمەت ئۈنۈم ئىقتىدارى، ئىستىل قۇرۇلۇشىغا قارىتا دەل جايىدا باھالاش ئېلىپ بېرىپ، تور ئىچىدىكى، تور سىرتىدىكى ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتىگە «ياخشى ياكى ناچار باھا بېرىش»نى ئىشقا ئاشۇردى، مۇلازىمەت ئۈنۈمىگە ئىش بېجىرگەن ئامما، كارخانىلار باھا بېرىدىغان بولدى. مۇلازىمەت سۈپىتى ئۆستۈرۈلۈش بىلەن بىللە، ئىش بېجىرگەن ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى يەنىمۇ كۈچەيدى.

تەكشۈرۈشنى ساقلاش ۋاقتى ئۇزاق، داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى كونا، قالاق ... ئىلگىرى، ئۈرۈمچى شەھىرى مىدۇڭ رايونى گۇمۇدى بازىرىنىڭ 15 مەھەللە كەنتىدىكى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ نۇرغۇنلىرى ئاغرىپ قالسىلا يېقىندىكىنى قويۇپ، يىراققا بېرىپ، مىدۇڭ رايونلۇق جۇڭيى دوختۇرخانىسى قاتارلىق دوختۇرخانىلاردا داۋالىناتتى.

باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، مىدۇڭ رايونى ئاساسىي قاتلامنىڭ داۋالاش ئەسلىھەسى قۇرۇلۇشىنى قاتتىق تۇتۇپ، يەتتە يېزا ـ بازارلىق شىپاخانا، سەككىز مەھەللە سەھىيە مۇلازىمەت مەركىزى ئۈچۈن بىر تۈركۈم تەكشۈرۈش، داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىنى تولۇقلاپ سېتىۋېلىپ، ئاساسىي قاتلام داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ دىياگنوز قويۇش ۋە تەكشۈرۈش ئىقتىدارىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى.

«ھازىر ئىشىكىمىز ئالدىدىلا ئېسىل شىپاخانا بار، ئەمدى ئاغرىپ قالساق چوڭ دوختۇرخانىلارغا قاتراپ يۈرمەيدىغان بولدۇق!» دېدى مىدۇڭ رايونى گۇمۇدى بازىرىنىڭ گودىكى كەنتىدىكى كەنت ئاھالىسى چۈ فۇلىن.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ مۇھىم تۇتقۇسى قىلىپ، «كۆلەمنى مۇقىملاشتۇرۇش، سۈپەتنى ئۆستۈرۈش، زەنجىرسىمان بولۇشنى گەۋدىلەندۈرۈش، پەن ـ تېخنىكىنى كۈچەيتىش» ئومۇمىي تەلىپى بويىچە، «ئىشلەپچىقىرىش + پىششىقلاش + پەن ـ تېخنىكا» ۋە «كەسپلەشكەن باشلامچى كارخانا + ھەمكارلىق كوپېراتىپى + تېرىقچىلىق ئائىلىسى» مەنپەئەتنى باغلاش مېخانىزمىنى زىچ چۆرىدەپ، دۆلەت دەرىجىلىك چىلان سودا بازىرى، چىلان قەرەللىك مال ھېساب ئۈزۈش ئامبىرى قۇرۇش، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە چىلان مەھسۇلاتلىرى ئەۋزەل رايونىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىش، چىلان «قەرەللىك مال + سۇغۇرتا»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش قاتارلىق بىر يۈرۈش تەدبىرلەر ئارقىلىق، يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، سۈپەتنى ئۆستۈرۈپ، يۈكسەلدۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مېخانىزم ئورنىتىپ، كەسپلەر باغچىسى بەرپا قىلىش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، تىرىشىپ كەسپلەر باغچىسىنى كەسپ ئالاھىدىلىكى روشەن، مۇھىم ئامىللار يۈكسەك دەرىجىدە توپلانغان، ئەسلىھە جابدۇقلىرى ئىلغار، ئىشلەپچىقىرىش شەكلى يېشىل، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك، تەسىر كۆرسىتىپ تۈرتكە بولۇشى كۈچلۈك بولغان دۆلەت زامانىۋى يېزا ئىگىلىك كەسپلەر باغچىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقتى.

نۆۋەتتە، كەسپلەر باغچىسىدا يېشىل، ئورگانىك، جۇغراپىيەلىك بەلگىگە ئىگە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېتىراپ قىلىنىش نىسبىتى 80.32%كە، باغچىدىكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 99%كە، يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشۇش نىسبىتى 74.2%كە، كەسپلەر باغچىسىنىڭ يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليارد 125 مىليون يۈەنگە يەتتى.

---

## نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش تەرەققىيات سۈپىتىنى تېخىمۇ يېتەرلىك قىلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭ بىر تەرەپتىن كەشتە تىكىش ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، ئىنچىكە، ئەستايىدىل ئىشلەپ، ئېغىر نامراتلىق مەسىلىسىنى كۈچەپ ھەل قىلدى، يەنە بىر تەرەپتىن مەخسۇس تۈر ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، ساھەلەر نامراتلارنى يۆلەش، جەمئىيەت نامراتلارنى يۆلەش، شىنجاڭغا ياردەم بېرىپ نامراتلارنى يۆلەش قاتارلىق كۆپ تەرەپنىڭ كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، بىرىكمە كۈچ ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 2014 ـ يىلدىن 2018 ـ يىلغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا جەمئىي 2 مىليون 314 مىڭ 700 ئادەمنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، 2131 كەنتنى نامراتلىقتىن چىقىرىش، 13 نامرات ناھىيەنىڭ قالپىقىنى تاشلاش ئىشقا ئاشۇرۇلغان، نامراتلىق يۈز بېرىش نىسبىتى 2013 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى 19.4%تىن 2018 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى 6.1%كە تۆۋەنلىگەن. ياردەم بېرىش ـ يۆلەش كۈچى بارغانسېرى يېتەرلىك بولۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلدە غەلىبە قىلىش، بىر ئادەمنىمۇ چۈشۈرۈپ قويماي ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىنغان.

ئاممىنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىش، ھەرقايسى تەرەپلەر قول تۇتۇشۇپ ئالغا سىلجىتىش نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى. شىنجاڭ قەشقەر ۋىلايىتى پوسكام ناھىيەسى تۇڭگەن يېزىسىنىڭ تەسىس قىلىنغىنىغا پەقەت بىر يىلدىن ئاشقان بولۇپ، نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش جەريانى ئىنتايىن تەس بولدى. مەسىلەن، شۇ جايدىكى ئامما ئوتلاققا تېخىمۇ يېقىن بولۇش، تېخىمۇ ياخشى تېرىلغۇ يەر بولۇش، ئەڭ ياخشىسى يەكەن دەرياسى بويىدا تۇرۇپ قېلىش قاتارلىقلارنى ئارزۇ قىلاتتى. قانداق قىلغاندا ئاممىنىڭ ئارزۇسىغا ئەڭ زور دەرىجىدە ھۆرمەت قىلغىلى بولىدۇ؟ غايەت زور ئالدىنقى باسقۇچلۇق ئۆلچەش خىزمىتى ئالدىدا، كۆچۈپ چىقىرىلىدىغان جايدىكى كادىرلار قەھرىتان سوغۇققا قارىماي نەق مەيدانغا باردى ھەم ئۈچ قېتىم ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ئادىل، ئاشكارا بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى؛ باشقا جايغا كۆچۈرۈش خىزمىتىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە جەمئىي بەش ئورۇننى تاللاش لايىھەسى شەكىللىنىپ، ئەڭ ئاخىرىدا تۇڭگەن يېزىسىنىڭ ھازىرقى ئورنى بېكىتىلدى؛ كۆچۈرۈش يولى راۋان بولمىغاچقا، قۇرۇلۇش ئورۇنلىرى تاغ ـ داۋانلاردىن ئېشىپ يول ئىزدىدى، ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلەپ يول ياسىدى... بۈگۈنكى تۇڭگەن يېزىسىدا، بالىلار تېخىمۇ ياخشى مائارىپتىن بەھرىمەن بولدى، ياشلار تېخىمۇ رازى بولىدىغان خىزمەتكە ئېرىشتى، ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەر تېخىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك مۇھىتنى كۈتۈۋالدى، ھەممە ئىشلار تېخىمۇ ياخشى يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلدى.

كەڭ كادىرلار، ئامما ئۈچۈن ئېيتقاندا، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش پەقەت بىر باشلىنىش بولۇپ، ئەمدى يەنە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچىنى يېتىلدۈرۈپ، ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولغان كىرىمنى ئاشۇرۇش ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا، بىز شۇنى خۇشاللىق بىلەن كۆردۇقكى، ئاقسۇنىڭ ئالمىسى «قىزىرىپ»، «ئېلېكترونلۇق سودا ئارقىلىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىش» تۈرى ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەتكە يۈزلەندى، «بېغىتاڭشىن» پۈتۈن مەملىكەتكە تونۇلدى؛ بىپايان قۇم دېڭىزى يېشىللىققا پۈركەندى، خوتەن شەھىرى جىيا يېزىسىنىڭ قۇملۇق ئىچكىرىسىدىكى ئىتتىپاقلىق يېڭى كەنتىدە، ھەر مىللەت ئاممىسى ئۆزئارا ياردەم بېرىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇپ كەتتى؛ قاقاس تاغلاردا يوللار تۇتاشتۇرۇلدى، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسى ۋاچا يېزىسىدىكى پەنلۇڭ قەدىمىي يولى شۇ جايدىكى ئاممىنىڭ بېيىش يولىغا ئايلاندى.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشتا، شىنجاڭنىڭ ۋەزىپىسى مۈشكۈل. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش، نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش ئاساسىي تەدبىرگە ئەمەل قىلىپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش» چىڭ تۇتۇلسىلا، شىنجاڭ چوقۇم كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇندىيالايدۇ. ھەر مىللەت خەلق قول تۇتۇشۇپ ئومۇميۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە يۈرۈش قىلسىلا، شىنجاڭنىڭ كەلگۈسى چوقۇم تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ.

**(ئاپتور خەلق گېزىتى مۇخبىرى، ھازىر شىنجاڭ گېزىتخانىسىدا ۋەزىپە بىلەن چېنىقىۋاتىدۇ) (12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىكى «خەلق گېزىتى»گە بېسىلغان)**